# ئۈرۈمچىدە قىش پەسىللىك پار بىلەن تەمىنلەش ياخشى ئىشلەندى
# ئاممىنىڭ جىسمى ئىللىتىلدى، قەلبى تېخىمۇ ئىللىتىلدى

—— دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزىتىشنى تۇتۇش توغرىسىدا يۈرۈشلۈك خەۋەر

**ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**
دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈزىتىشنى تۇتۇش

□ مۇخبىرىمىز گاۋ ۋا

«ئۆي ئىچى ئىلگىرىكى يىللارغا قارىغاندا ئىللىدى، بىز ئەمدى قىشنى راھەت ئۆتكۈزەلەيدىغان بولدۇق» دېدى 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى چىڭفېڭ يولى تەۋەلىك رايونى گۈاڭمىڭ ئولتۇراق رايونىنىڭ ئاھالىسى بەكرى كېرەم.

2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش ساھە باشقۇرۇش ئىشخانىسى خەلق تۇرمۇشىدىكى ئالدىرىغان، غەم قىلغان، ئارزۇ قىلغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئالدىن پىلان تۈزۈپ، قىش پەسلىدىكى ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان، دىققەت قىلىدىغان پار بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسىنى ئالدىن قول سېلىپ ھەل قىلىپ، ئاممىغا باش تېما تەربىيەسى ئېلىپ كەلگەن بەخت تۇيغۇسىنى ھېس قىلدۇردى. پار بىلەن تەمىنلەش مەزگىلى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش ساھە باشقۇرۇش ئىشخانىسى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش كارخانىلىرى، تېرموئېلېكتر ئىستانسىسى، بىر قىسىم ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئەمەلىي جايدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، نەق مەيداندا تەكلىپ ئېلىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش، سۆھبەتلىشىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسىنى ئەستايىدىل رەتكە تۇرغۇزۇپ ھەل قىلىپ، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان 50 ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسىدىن تىزىملىك تۈزۈپ چىقتى، بەلگىلەنگەن ھامان تۈزىتىپ، پار بىلەن تەمىنلەش مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈردى.

كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش سۈپىتى يۇقىرى بولماسلىق مەسىلىسىگە قارىتا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش ساھە باشقۇرۇش ئىشخانىسى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەندىغان قورۇلارنىڭ 35 كىلومېتىر كونا تۇرۇبا تورىنى ئۆزگەرتىشنى تەشكىللەپ يولغا قويۇشنى تاماملاپ، 59 ئاھالىلەر تەۋەلىك رايونىدىكى 20 مىڭدىن ئارتۇق ئائىلىگە نەپ يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، 150 مىڭ كۋادرات مېتىر كونا ئولتۇراق رايونلىرىدىكى ئۆي ئىچى ئىسسىنىش سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىشنى يولغا قويۇپ، ئۆزگەرتىلگەن رايونلاردىكى ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ئىسسىقلىقتىن پايدىلىنىش سۈپىتى ۋە ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈردى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش ساھە باشقۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەشنى نازارەت قىلىش سۇپىسىدا كۆرسىتىلگەن ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ شۇ ۋاقىتتا ئەرز قىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى پار بىلەن تەمىنلەش باشلانغاندىن بۇيان، ئەرز قىلىش نىسبىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 15% تۆۋەنلىگەن.

«بىر نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئۆيۈمدىكى پار ئانچە ئىسسىمىغاندى، تېلېفون ئۇرغاندىن كېيىن، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش كارخانىسى ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىپ بەردى، يېرىم سائەتكە قالمايلا ئۆيۈم ئىللىدى» دېدى 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى چاڭجياڭ يولى تەۋەلىك رايونى جىڭئېر يولى مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى لى نىڭ.

باش تېما تەربىيەسىدە، ئۈرۈمچى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە (گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتى خەلق رايىنى ئاڭلاپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى ئىگىلەپ، ئەمەلىي تەدبىر چىقىرىپ، قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلدى. پار بىلەن تەمىنلەش مەزگىلىدىن بۇرۇن، بۇ شىركەت پار بىلەن تەمىنلەشكە مۇناسىۋەتلىك چىگىش، قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرگە بىرتۇتاش قېلىپلاشقان جاۋاب بېرىش ئۆلچىمىنى تۈزۈپ، ھەق ئېلىش خادىمى، رېمونت ئىشچىسى، خېرىدارلارغا مۇلازىمەت قىلىش خادىملىرىنى تەربىيەلەپ، ئاممىغا قولايلىق يارىتىش ئالاقە كارتىسى تارقىتىپ، خېرىدارلارغا مۇلازىمەت قىلىش تېلېفونىدىن سەككىزنى ئېچىپ، پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، ئاممىنىڭ دەۋا ـ تەلەپىنى مۇۋاپىق ھەل قىلدى.

ئۈرۈمچى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە (گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتى قاتارلىق ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش كارخانىلىرى يەنە كەينى ـ كەينىدىن ئۈندىدار، چىقىمدان، تور بانكىسى، تور سىرتى قاتارلىق كۆپ خىل ئىسسىنىش ھەق تاپشۇرۇش شەكلىنى قوللىنىپ، ئىشلەتكۈچىلەرنى ئۆيدىن چىقمايلا ھەق تاپشۇرۇش ئۇچۇرىنى سۈرۈشتۈرەلەيدىغان، سىياسەتتىن مەسلىھەت سورىيالايدىغان، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش كاشىلىسىنى رېمونت قىلدۇرالايدىغان قىلدى.

شىنجاڭ گۇاڭخۇي ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى خەلق تۇرمۇشىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، تېخنىكىسى سەرخىل، سەۋىيەسى يۇقىرى رېمونت ئىشچىلىرىنى تاللاپ جىددىي رېمونت قىلىش ئەترىتى تەشكىللەپ قۇرۇپ، جىددىي رېمونت قىلىش ھەم ئەرز تېلېفونلىرىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن 30 مىنۇت ئىچىدە نەق مەيدانغا يېتىپ بېرىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، خېرىدارلار ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش ساھە باشقۇرۇش ئىشخانىسى بازار باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى جاۋ پېڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئاھالىلەرنىڭ ئۆي ئىچى ئىسسىنىش سىستېمىسى توسۇلۇپ قېلىش، كىلاپاندىن سۇ ئېقىش قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، ئۈرۈمچى شەھىرى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش ساھە باشقۇرۇش ئىشخانىسى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرى پۈتۈن ساھە بويىچە «ئەلنى زىيارەت قىلىش، ئىسسىنىشنى سۈرۈشتۈرۈش» پائالىيىتىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، ئىشىك ئالدىغىچە مۇلازىمەت قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، ئاممىنىڭ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئاممىنىڭ جىسمىنى ئىللىتىدۇ، قەلبىنى تېخىمۇ ئىللىتىدۇ.

(بېشى 2 ـ بەتتە)

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، باشلىيا، 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار ياڭ يىجۈن، چېن شەن)** شۇ جاي ۋاقتى 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ باشلىيادا ھىندىستان زۇڭلىسى مودى بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېقىندا، مەن سىز بىلەن چېننايدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇچرىشىپ، خەلقئارا ۋە رايون ۋەزىيىتى ھەمدە ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىدىكى مۇھىم، زور مەسىلىلەر توغرىسىدا چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇردۇم، ناھايىتى ياخشى سۆھبەتلەشتىم. ئىككى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى بىز ھاسىل قىلغان ئورتاق تونۇشنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، چېننايدىكى ئۇچرىشىشنىڭ ئاكتىپ ئۈنۈم ئېففېكتىنى ئۇزارتتى ۋە كېڭەيتتى. ئالدىنقى ھەپتىدە، ھىندىستان ئاساسلىق مېھمان دۆلەت سۈپىتىدە 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىگە قاتناشتى. ئىگىلىنىشىچە، ھىندىستان تەرەپنىڭ پۈتۈشۈش سوممىسى ئالدىنقى نۆۋەتتىكىدىن زور نىسبەتتە ئېشىپ، پۈتۈشۈش سوممىسىنىڭ ئېشىش ھەجمى ئەڭ چوڭ كۆرگەزمىگە قاتناشقان دۆلەت بولغان. جۇڭگو تەرەپ ھىندىستاننىڭ ئەلا سۈپەتلىك تاۋارلىرىنى جۇڭگوغا ئېكسپورت قىلىشنى پائال كۆپەيتىشنى قارشى ئالىدۇ. ئىككى تەرەپ قوش يۆنىلىشلىك سودا ۋە مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى، تېببىي دورا، ئۇچۇر تېخنىكىسى، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى قاتارلىق ساھەلەردە يېڭى ھەمكارلىق ئېشىش نۇقتىسى يارىتىشى كېرەك. كېلەر يىللىق «جۇڭگو ـ ھىندىستان ئادەمىيەت ئالاقىسى يىلى» ۋە جۇڭگو ـ ھىندىستان دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنى ئورتاق ياخشى ئۆتكۈزۈپ، ئەل ئىچى دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. جۇڭگو ـ ھىندىستان ئورتاق تىرىشىپ، كۆپ تەرەپچىللىكتە چىڭ تۇرۇپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنى يادرو قىلغان كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى قوغداپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ يوللۇق تەرەققىي قىلىش ھوقۇق ـ مەنپەئىتى ۋە تەرەققىيات بوشلۇقىنى ئورتاق قوغداپ، كىبىسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى ھەمكارلىقىنىڭ پۇختا، ئۇزاققىچە داۋاملىشىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مەن سىز بىلەن قويۇق ئالاقىنى ساقلاپ، ئورتاق ھالدا ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى ياخشى ئىگىلەپ، سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىختىلاپلارنى مۇۋاپىق باشقۇرۇپ ـ تىزگىنلەپ، ئەمەلىي ھەمكارلىقنى كېڭەيتىپ، جۇڭگو ـ ھىندىستان مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ مۇقىم تەرەققىي قىلىشقا يېتەكلەشنى خالايمەن. 2020 ـ يىلى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا، جۇڭگو ـ ھىندىستان مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى بىر يىلدا يېڭى، تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن سىزنىڭ كېلەر يىلى جۇڭگوغا يەنە بىر قېتىم ئۇچرىشىشقا بېرىشىڭىزنى قارشى ئالىمەن.

مودى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بىز ۋۇخەن ۋە چېننايدا ئىككى قېتىم ئۇچرىشىپ، ئىشەنچ ۋە دوستلۇقنى چوڭقۇرلاشتۇردۇق. بىز ھاسىل قىلغان نۇرغۇن مۇھىم ئورتاق تونۇشلار ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈۋاتىدۇ. ھىندىستان تەرەپ 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى تەبرىكلەيدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئىككى تەرەپلىك سودا ۋە سېلىنمىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، ئېنېرگىيە قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كېڭەيتىپ، كېلەر يىلى ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش ۋە ئادەمىيەت ئالاقىسى يىلى يۈرۈشلۈك پائالىيىتىنى بىرلىكتە تىرىشىپ ياخشى ئۆتكۈزۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ. مەن سىز بىلەن داۋاملىق قويۇق ئالاقىنى ساقلاپ، ئىختىلاپلارنى مۇۋاپىق باشقۇرۇپ ـ تىزگىنلەپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ كۆپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە، يېڭى يۈكسەكلىككە ئۈزلۈكسىز ئاتلىنىشقا يېتەكلەشنى ئارزۇ قىلىمەن.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

**گۈزەل يۇرت ـ ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى**

## مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ياخشى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىمەن

**□ مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىدىن پېنسىيەگە چىققان كادىر گاۋ يۈخۇي**

مەن مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مورىلىق، كىچىكىمدە ئاز سانلىق مىللەت ھەمراھلىرىم بىلەن بىللە ئوينايتتىم، ئاتا ـ بوۋىلىرىمنىڭ ئېغىزىدىن ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ھەر مىللەت قوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىگە دائىر ئاز بولمىغان ئىشلارنى ئاڭلىغانىدىم. 1933 ـ يىلى، ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن، ئائىلەمدىكىلەر جىمسار ناھىيەسىگە قېچىپ بارغان ئىكەن. ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، يۇرتقا قايتىپ كەتكەن ئىكەن، ئائىلىمىزنىڭ يېرىنى ئاللىقاچان باشقىلار تېرىۋاتقان بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەت قوشنىلارنىڭ ياردىمىدە، ئائىلىمىز تېرىلغۇ يەرنى قايتۇرۇۋالغان ئىكەن، ئاز سانلىق مىللەت قوشنىلىرىمىز يەنە ئۇرۇقلۇق ياردەم قىلىپ، قوش كالىسىنى ئارىيەتكە بېرىپ، ئائىلىمىزنىڭ زىرائەت تېرىشىغا ياردەم بەرگەن ئىكەن، ئۇلارنىڭ ياردىمىدە بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ، خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئېرىشىپتىكەنمىز. مېنىڭ بىر ھامام كىچىك چېغىدىلا ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئاق كۆڭۈل ئاز سانلىق مىللەت ئائىلىسى تەرىپىدىن بېقىۋېلىنغان ئىكەن، توققۇز يېشىدا ئائىلىمىزگە قايتىپ كەلگەن ئىكەن.

ئېسىمدە قېلىشىچە 1975 ـ يىلى، مەن دۆڭچېڭ بازىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان مەزگىلدە، بىر قېتىملىق خىزمەت جەريانىدا ئېھتىياتسىزلىقتىن پۇتۇمنى قايرىۋالغاندىم. بازارلىق دوختۇرخانىنىڭ دوختۇرى ئوڭ پۇتۇمنىڭ بەش بوغۇم سۆڭىكىنىڭ ھەممىسى چىقىپ كەتكەنلىكىنى، دوختۇرخانا ئالماشتۇرۇپ داۋالىنىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ئىككىنچى كۈنى، دۆڭچېڭ بازىرى جىشىنلياڭ كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى قازاق مىللىتىدىن بولغان بىر سۇنۇقچىنى ۋە ئىككى قازاق ياشنى ئېلىپ ئۆيۈمگە مېنى يوقلاپ كەلگەنىدى. مەن كارۋاتتا ئاغرىق ئازابىدىن تولغىنىپ ياتاتتىم، ئۇلار ماڭا كىرىستال تۇز بىلەن قىنىق چاي قاينىتىپ پۇتۇمنى يۇيۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇشۇنداق قىلغاندا پۇتنىڭ ئاغرىقى يېنىكلەپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. دەسلەپتە قول بارمىقى تەگسىلا پۇتۇم ئاغرىغاندى، يېرىم سائەت ئەتراپىدا يۇيۇلغاندىن كېيىن، ئاغرىق پەسىيىشكە باشلىدى. ئۇلار يۇقىرى ئاۋاز بىلەن پاراڭلىشىپ دىققىتىمنى تارتتى، مەن دىققەت قىلمىغان چېغىمدا، سۇنۇقچى تۇيۇقسىز قاتتىق بىر تارتىپ تولغىدى، مەن ئاغرىقتىن قاتتىق ۋارقىراپ كەتتىم. سۇنۇقچى پۇتۇمنىڭ ئالقىنىنىڭ تۈزلەنگەنلىكىنى، ئورنىدىن تۇرۇپ سىناپ بېقىشىمنى ئېيتتى، نەتىجىدە پۇتۇم راستىنلا تۈز دەسسىيەلەيدىغان بولغانىدى. بىرقانچە ئاز سانلىق مىللەت قېرىنداش زەخمەمنى ساقايتتى، مەن بەك مىننەتدار بولغانىدىم، ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايمەن.

1993 ـ يىلى مەن ناھىيەلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىگە خىزمەتكە يۆتكىلىپ كەلدىم، كېيىن شىنخۇ يېزىسىنىڭ مۇيى كەنتىگە ئەۋەتىلدىم. بىر كۈنى ئەتىگەندە، كەنت ئىشخانىسىدا، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى نۇران مېنى ئىزدەپ كېلىپ، كەنتتىكى بىر پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسىنىڭ كېسەل بولۇپ ۋاپات بولغانلىقىنى، داۋالىنىش ئۈچۈن ئۆيىدىكى پۇللارنىڭ ھەممىسى خەجلەپ بولغانلىقىنى، قازاق مىللىتىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە، بۈگۈن مېيىتنى ئۇزىتىپ يەرلىككە قويىدىغانلىقىنى، بىراق ھازىر ئۆيىدە ئازراقمۇ پۇل يوقلۇقىنى ئېيتتى. مەن ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال يېنىمدا بار 200 يۈەننىڭ ھەممىنى چىقاردىم. بىردەمدىن كېيىن، پۈتۈن كەنتتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كەلدى، بەزىلىرى ئۆيىدىكى چەينەكنى ئېلىپ كەلسە، بەزىلىرى داستىخانغا بىر ـ ئىككى نانني ئوراپ ئېلىپ كەلدى، قوشنا كەنتتىكى ئۆزبېك كەنت ئاھالىلىرىمۇ كەلدى، كەلگەنلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بوۋاينىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بېجىرىلىپ تۈگىدى.

بۇنىڭغا ئوخشاش ھەر مىللەت ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان ئىشلار يەنە ناھايىتى كۆپ، بۇ ئىشلار گەرچە كىچىك بولسىمۇ، بىراق مەن ئۇنتۇيالمايمەن. ھەر مىللەتنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزئارا ياردەم بېرىشى بىر خىل ياخشى ئەنئەنە، مەڭگۈ ۋارىسلىق قىلىش كېرەك. ھەر مىللەت ئىتتىپاق، ئىناق، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇپ، مۇشۇنداق مۇھىتتا ياشاشنى ئاندىن بەخت دېسە بولىدۇ. مەن باشتىن ـ ئاخىر ئۆزگەرمەي مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان ياخشى پارتىيە ئەزاسى، ياخشى پۇقرا بولىمەن.

جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتى
ئاخبارات داڭلىق مەخسۇس ئىستونى

# 4 ـ ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىزچىللاشتۇرۇشقا ئالاقىدار خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 8 ـ ئومۇمىي يىغىنىنى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە ئېچىش قارار قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەستايىدىل ھەقىقىي تۇتۇش، ياخشى تۇتۇش كېرەك. ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشنى «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدە جەزمەن ئۆگىنىدىغان مەزمۇنغا كىرگۈزۈش، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم(پارتگۇرۇپپا)لار نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ ئۆگىنىش مەزمۇنىغا كىرگۈزۈش، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپ(مەمۇرىيەت شۆيۈەن)لىرى، كادىرلار شۆيۈەنىدىكى كادىرلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا كىرگۈزۈش، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە دەرسلىرىنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنىغا كىرگۈزۈش، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىدا «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس»نىڭ نۇقتىلىق مەزمۇنىغا كىرگۈزۈش، ئۆگىنىش، تەربىيەلەش بىلەن تولۇق قاپلاش، خىرە نۇقتا قالدۇرماسلىق، ئاق قالدۇرماسلىقنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. تەشۋىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. شەكىل ـ ئۇسۇلدا يېڭىلىق يارىتىپ، مەخسۇس ئىستون، مەخسۇس سەھىپە ئېچىپ، ئومۇمىي يىغىن روھىنى ھەر تەرەپلىمە كۆپ قاتلاملىق تەشۋىق قىلىپ، تۈرلۈك تاراتقۇلار تەڭ ئاۋاز چىقىرىدىغان، تور ئىچى ـ سىرتىنى تولۇق قاپلايدىغان قۇدرەتلىك كۈچ شەكىللەندۈرۈش كېرەك. كارخانىلار، يېزا ـ كەنتلەر، مەكتەپلەر، مەھەللىلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىش، ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ياخشى كۆرىدىغان شەكىلدە يۈزتۇرا تەشۋىقاتنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق 4 ـ ئومۇمىي يىغىن روھىنىڭ قەلبلەرگە يەنىمۇ چوڭقۇر سىڭىشى، ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. 4 ـ ئومۇمىي يىغىن روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، تىرىشىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش كېرەك.